# قولۋاق قاتمۇقات تاغلار ئارىسىدىن ئۆتتى

## — «جۇڭگو چېكىنىش سەپسەتىسى»نىڭ جىمىقىدىغان ۋاقتى كەلدى

□جۇڭ شېڭ

يېقىنقى بىر مەزگىلدە، جۇڭگو - ئامېرىكا ئىقتىساد - سودا كېڭىشىشىدە ھېچقانداق كېلىشىم ھاسىل قىلىنمىدى، ئامېرىكا تەرەپ جۇڭگوغا قايتا - قايتا قالايمىقان قالپاق كىيدۈرۈپ، جۇڭگو تەرەپنى «چېكىندى»، «يۈز ئۆرۈدى»، بەزى ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىنغان مەسىلىلەردىكى مەيداندا «چېكىنىش» كۆرۈلدى دەپ ئەيىبلىدى. ئامېرىكا تەرەپ مۇشۇنداق ھىيلە - نەيرەڭلەرنى ئىشلىتىپ بىر تەرەپتىن كۆز بويامچىلىق قىلدى، بىر تەرەپتىن كالتەك پۇلاڭلاتتى، بۇ، ماھىيەتتە زومىگەرلىكنىڭ يەنە بىر قېتىملىق ئويۇنى.

ھەممىگە ئايانكى، كېڭىشىش ئەسلىدە پىكىر ئالماشتۇرىدىغان، ئىختىلاپلارنى ئازايتىدىغان، ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىدىغان، مەسىلە ھەل قىلىدىغان جەريان. كېڭىشىش جەريانىدا ئىككى تەرەپنىڭ ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشتا بولۇشى نورمال، ئىككى تەرەپ رەسمىي كېلىشىم ھاسىل قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆزگىرىش بولۇشىمۇ نورمال. ھازىر كېڭىشىش تېخى ئاخىرلاشمىدى، كېلىشىم تېخى ئىمزالانمىدى، قانداقمۇ «چېكىنىش» ۋە «يۈز ئۆرۈش»تىن سۆز ئاچقىلى بولسۇن؟ سۆھبەت ھەمراھلىرىغا ھۆرمەت قىلىش خەلقئارا سۆھبەتنىڭ قائىدىسى. جۇڭگو تەرەپ ئۆزى كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويسىلا، ئامېرىكا تەرەپ ھاكاۋۇرلۇق بىلەن جۇڭگو تەرەپنى ئەيىبلىدى، ئامېرىكا تەرەپ ھەقىقەتەن ئەدەپسىزلىكتە چېكىگە يەتتى! ئامېرىكا تەرەپنىڭ بۇ قىلمىشىدا يەنە ئاشكارىلىغىلى بولمايدىغان غەرىزى بار، ئۇ بولسىمۇ، ئامېرىكا تەرەپ ئاخىرقى چەككىچە بېسىم ئىشلىتىش ئۈچۈن باھانە ئىزدەۋاتىدۇ.

زادى قايسى تەرەپ ئويۇن ئويناۋاتىدۇ، ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىۋاتىدۇ؟ پاكىت مۇنازىرە قىلىشمۇ ئۆزىدىن ئايدىڭ.

بۇلتۇر 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، جۇڭگو - ئامېرىكا ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى ئارگېنتىنا ئۇچرىشىشى مەزگىلىدە ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىپ، يېڭىدىن تاموژنا بېجى قوشۇپ ئېلىشنى توختاتتى ھەم ئىككى دۆلەت خىزمەت ئۆمەكلىرىدىن جىددىي كېڭىشىپ، قوشۇپ ئېلىنغان بارلىق تاموژنا بېجىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش يۆنىلىشىگە قاراپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان، ئورتاق پايدا ئالىدىغان كونكرېت كېلىشىم ھاسىل قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىككى تەرەپنىڭ كېڭىشىش ئۆمىكى ئوكياننىڭ ئىككى قىرغىقىدا باردى - كەلدى قىلدى، دۇنيا جۇڭگو تەرەپنىڭ ئىقتىساد - سودا مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى سەمىمىيىتىنى كۆرۈپ يەتتى. يېقىنقى 10 - نۆۋەتلىك كېڭىشىشتە، ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرى مېنۇچىن يەنە سودا كېڭىشىشىنىڭ «مول نەتىجە - ئۈنۈملۈك» بولغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. ھالبۇكى، گەپ تېخى ئاخىرلاشمايلا، ئامېرىكا تەرەپ جۇڭگو تەرەپنى «چېكىندى»، «يۈز ئۆرۈدى» دەپ ئەيىبلەپ، تاموژنا بېجىنى قوشۇپ ئالىدىغانلىقىنى بىر تەرەپلىك جاكارلاپ، ئىككى دۆلەت ئىلگىرى ھاسىل قىلغان ئورتاق تونۇشتىن پۈتۈنلەي چەتنەپ، جۇڭگو - ئامېرىكا ئىقتىساد - سودا كېڭىشىشىنى ئېغىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراتتى. بۇنىڭدا كىم «چېكىندى»، «يۈز ئۆرۈدى»، زېرەك كىشىلەر بىر قاراپلا ھەقىقىي ئەھۋالنى كۆرۈپ يېتەلەيدۇ.

جۇڭگو - ئامېرىكا ئىقتىساد - سودا كېڭىشىشىنىڭ ئىلگىرىلەش مۇساپىسىدىن قارىغاندا، ھارۋىنى ئۇياق - بۇياققا، ئالدى - كەينىگە تارتقىنى ئامېرىكا تەرەپ، ئامېرىكا تەرەپنىڭ تۇتۇرۇقسىزلىقى دائىملىق ھالەتكە ئايلاندى. ئامېرىكا تەرەپ بىردەم «جۇڭگو تەرەپ بىلەن بولغان كېڭىشىش ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتىدۇ» دېسە، بىردەم يەنە جۇڭگو تەرەپنى ئىقتىساد - سودا كېڭىشىشىدە «كېلىشىمنى بۇزدى» دەپ ئەيىبلىدى؛ بىردەم جۇڭگو تەرەپ بىلەن «ئىنتايىن ئومۇميۈزلۈك مۇھىم، زور بىر كېلىشىم ھاسىل قىلدۇق» دەپ چىلىك تۇرسا، بىردەم يەنە «جۇڭگو تەرەپنىڭ ئامېرىكىغا چىقىرىدىغان تاۋارلاردىن ئالىدىغان تاموژنا بېجى نىسبىتىنى ئۆستۈرۈشنى ئىنتايىن خالايمىز» دەپ جاكارلىدى. گەپ - سۆزدە تىلى بىلەن دىلى بىردەك بولمايلا قالماي، ھەرىكىتىمۇ ئالدى - كەينى زىددىيەتلىك بولدى، ئالدىدا خىزمەت ئۆمىكىنى جۇڭگوغا كېڭىشىشكە ئەۋەتتى، كەينىدىنلا تاموژنا بېجى كالتىكىنى كۆتۈرۈپ كېڭىشىش مۇساپىسىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى.

دەل ئامېرىكا تەرەپنىڭ تۇتۇرۇقسىزلىقى، ئۆزگىرىشچانلىقى جۇڭگو - ئامېرىكا ئىقتىساد - سودا كېڭىشىشىنى داۋالغۇتتى. بۇلتۇر 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، جۇڭگو - ئامېرىكا ئىككى تەرەپ مۇھىم ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلغان ھەمدە قوشما بايانات ئېلان قىلغانىدى، بىراق 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئامېرىكا تەرەپ بىر تەرەپلىك «چېكىنىپ»، «يۈز ئۆرۈپ»، كېلىشىمنى يىرتىپ تاشلاپ، ئورتاق تونۇشتىن يۈز ئۆرۈدى؛ بۇلتۇر 6 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئىككى تەرەپ ئېنېرگىيە ۋە يېزا ئىگىلىك ساھەسىدىكى كونكرېت ھەمكارلىق توغرىسىدا ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلغانىدى، 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئامېرىكا تەرەپ يەنە بىر قېتىم «چېكىندى»، «يۈز ئۆرۈدى».... ئامېرىكىلىقلارنىڭ چىرايى كۈندە بىر خىل ئۆزگەردى، دۇنيا ئەھلى رىتىمغا ئەگىشىپ بولالماي خورسىنىشتى.

خەلقئارا ئىشلاردا يولسىزلىق قىلىش، باشقا دۆلەتلەرنى خالىغانچە ئەيىبلەش، ئۆكتەملىك بىلەن ئارىلىشىۋېلىش، ھە دېسىلا يۈز ئۆرۈش، ھە دېسىلا چىراي ئۆزگەرتىش ئامېرىكىنىڭ ئىزچىل ئادەتلەنگەن ئۇسۇلى، بەزىدە ھەتتا بىمەنىلىكتە ئۇچىغا چىقتى. بۇ قېتىم ئامېرىكا تەرەپ كونا نەيرەڭنى قايتا ئىشقا سېلىپ، ساختا قىياپەتتە ئاتالمىش «جۇڭگو چېكىنىش سەپسەتىسى»نى ئوتتۇرىغا تاشلىدى، ئاقىۋەتتە ئۆزىنى ئۆزى كاچاتلايدۇ، كۈلكىگە قالىدۇ.

جۇڭگو تەرەپ ئىزچىل ئەڭ زور سەمىمىيەت بىلەن ئىقتىساد - سودا كېڭىشىشىگە تۈرتكە بولۇپ، باراۋەر مۇئامىلە قىلىش، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان، تەڭ پايدا ئالىدىغان كېلىشىمنى ھاسىل قىلىشنى ئۈمىد قىلدى. گەرچە ئامېرىكا تەرەپنىڭ تاموژنا بېجىنى قوشۇپ ئېلىش قىلمىشى 11 - نۆۋەتلىك كېڭىشىش مۇساپىسىنى ئېغىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراتقان بولسىمۇ، جۇڭگو تەرەپ كېڭىشىش ئۆمىكى يەنىلا ۋاشىنگتونغا باردى، جۇڭگو تەرەپنىڭ كېڭىشىشكە تۈرتكە بولۇش سەمىمىيىتى ھەممىگە ئايان.

ئەمەلىيەتتە، جۇڭگونىڭ ئەزەلدىن «گېپى گەپ، ئىشى نەتىجىلىك»بولغاچقا، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. بۇلتۇردىن بۇيان، جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشتىكى بىر قاتار تەدبىرلىرى تېز سۈرئەتتە ئەمەلىيلەشمەكتە: ئاپتوموبىل، گىرىم بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنىڭ ئىمپورت تاموژنا بېجىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەتتى؛ چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سېلىش قانۇنىنى قاراپ چىقىپ ئېلان قىلدى؛ بازار ئىجازىتىنى كەڭ قويۇۋەتتى، ئادەتتىكى ياسىمىچىلىقنىڭ تاشقى مەبلەغكە تولۇق ئېچىۋېتىلىشى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشتى...

دېگىنىمىزنى قىلىپلا قالماي، يەنە تېخىمۇ ياخشى قىلىمىز! 2 - نۆۋەتلىك «بىر بەلباغ، بىر يول» خەلقئارا ھەمكارلىق باشلىقلار مۇنبىرىدە، رەئىس شى جىنپىڭ جاكارلىغان بىر قاتار مۇھىم، زور ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تەدبىرلىرى دۇنيا مىقياسىدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى. دۇنيا ئەھلى جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن زەپەر مارشى ياڭرىتىپ باتۇرانە ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى كۆردى.

جۇڭگونىڭ پرىنسىپى بار، تۆۋەن چېكى بار. ھەرقانداق ۋاقىت، ھەرقانداق ئەھۋالدا، جۇڭگو دۆلەتنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتى ۋە خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى قەتئىي قوغدايدۇ، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قەتئىي قوغدايدۇ. ئەگەر جۇڭگو تەرەپنىڭ پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشى، زىياننى رەت قىلىشى «چېكىنىش»، «يۈز ئۆرۈش» دېيىلسە، ئۇنداقتا بۇ پەقەت قاراقچى لوگىكىسى خالاس. مۇھىم، زور پرىنسىپال مەسىلىدە، جۇڭگو تەرەپ ئەزەلدىن يول قويغان ئەمەس، «چېكىنىش»، «يۈز ئۆرۈش» دېگەن گەپ قانداق پەيدا بولدى! ئۆزى «ئىلگىرىلەش»كە ئېرىشتۇق دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ، رەت قىلىشقا ئۇچرىغاندىن كېيىن، جۇڭگو تەرەپكە «چېكىندى»، «يۈز ئۆرۈدى» دەپ بوھتان چاپلاپ، جۇڭگونىڭ يادرولۇق مەنپەئەتى ۋە مۇھىم، زور پرىنسىپىغا زىيان سالماقچى بولۇش پەقەتلا ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش قىلغانلىق. جۇڭگو خەلقى پرىنسىپال مەسىلە ۋە يادرولۇق مەنپەئەتنى ئالماشتۇرىدىغان ئىشنى ئىلگىرى قىلمىغان، بۈگۈن قىلمايدۇ، كەلگۈسىدە تېخىمۇ قىلمايدۇ. جۇڭگوغا ئۆز يادرولۇق مەنپەئەتىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىنىڭ ئاچچىق تەمىنى تېتىتىش ئۈمىدىدە بولۇش، جۇڭگونى مۇھىم، زور پرىنسىپال مەسىلىدە يول قويىدۇ دەپ ئۈمىد قىلىش مۇقەررەر بىھۇدە ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت، خالاس!

ئادەمدە سەمىمىيەت بولمىسا پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ، دۆلەتتە سەمىمىيەت بولمىسا زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ! ئىقتىساد - سودا كېڭىشىشىدە تېخىمۇ زور پايدىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئامېرىكا پاكىتنى كۆرمەسكە سېلىپ، قالايمىقان قالپاق كىيدۈرۈپ، ئاخىرقى چەككىچە بېسىم ئىشلىتىپ، ئۆزىنىڭ خەلقئارا ئىناۋىتىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزدى، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا پايدىسىز بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى جۇڭگونىڭ خەلقئارا ئوبرازىغا داغ تەگكۈزەلمەيدۇ. جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش قەدىمى مەڭگۈ ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ، جۇڭگونىڭ ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش تىرىشچانلىقى مەڭگۈ ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ، ھەرگىزمۇ بەزى كىشىلەرنىڭ بىر ئېغىز «چېكىندى»، «يۈز ئۆرۈدى» دېيىشى بىلەنلا يوققا چىقىپ كەتمەيدۇ! بۇ خۇددى «قاشتا مايمۇنلار ساداسى ھەر تەرەپتىن كېلىپ تۇرار، قاتمۇقات تاغلار ئارا قولۋاقىم ئالغا ماڭار» دېگەندەكلا ئىش.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن . قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# ئەخمەتجان قاسىمى:

# شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن باتۇرانە كۆرەش قىلىش



ئەخمەتجان قاسىمنىڭ سۈرىتى (ماتېرىيال سۈرەت). □شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر لىيۇ بىڭ) «ئەخمەتجان قاتارلىق بەش يولداش ھايات چېغىدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن باتۇرانە كۆرەش قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن قۇربان بولدى، پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ مەڭگۈ خاتىرىلىشىگە ئەرزىيدۇ.» 1949 - يىلى 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، رەئىس ماۋ زېدۇڭ تەزىيە تېلېگراممىسىدا شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىغا مۇشۇنداق باھا بەرگەن.

ئەخمەتجان قاسىمى، ئۇيغۇر، 1914 - يىلى 4 - ئايدا تۇغۇلغان، شىنجاڭ غۇلجىدىن. ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا ئۇ تاغىسىغا ئەگىشىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ تىرىكچىلىك قىلغان، 1936 - يىلى يازدا موسكۋا شەرق داشۆسىدە ئوقۇپ، ماركسىزم - لېنىنىزم ئىدىيەسى تەربىيەسىنى قوبۇل قىلغان، 1942 - يىلى 6 - ئايدا غۇلجىغا قايتىپ مەخپىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغان. 1943 - يىلى 12 - ئايدا، ئۇ گومىنداڭ شىنجاڭ دائىرىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە قامالغان، 1944 - يىلى 10 - ئايدا قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن دىخۇا (ھازىرقى ئۈرۈمچى)دىن غۇلجىغا قايتقان.

1944 - يىلى 11 - ئايدا، ئەخمەتجان قاسىمى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەتتە گېزىت مۇھەررىرى، «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» كاتىپى، ھەربىي ئىشلار بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، كېيىن شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى رەھبەرلىك قاتلىمىغا كىرگەن ھەم سۆھبەت ۋەكىللىككە كۆرسىتىلىپ، ئېلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرگە قارشى قەتئىي كۆرەش قىلغان. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشتىكى يېتەكچىلىك ھوقۇقىنى ئىگىلەپلا قالماي، بەلكى شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئىگىلىگەن.

بۇ مەزگىلدە، ئۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي كەمسىتىشكە قارشى تۇرغان، 11 ماددىلىق «تىنچلىق بىتىمى»نىڭ ئىمزالىنىشى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇھىم، زور تۆھپە قوشقان. ئۇ كۆپ قېتىم شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىغا ھاياجان بىلەن مۇنداق دېگەن: «شىنجاڭ جۇڭگونىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، ئۈچ ۋىلايەت شىنجاڭنىڭ تەركىبىي قىسمى. ئىلى مەن تۇغۇلغان جاي، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز دەپنە قىلىنغان جاي، جۇڭگو بىزنىڭ ۋەتىنىمىز، بىزنىڭ يۇرتىمىز».

1946 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، ئەخمەتجان قاسىمى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. ئۇ: «بىزنىڭ ۋەزىپىمىز مىللەتلەر ئارىسىدىكى باراۋەرلىك ۋە ئىتتىپاقلىققا كاپالەتلىك قىلىش» دەپ كۆرسەتكەن. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلانغاندىن كېيىن، ئۇ دىخۇادىن غۇلجىغا قايتىپ، شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىگە داۋاملىق رەھبەرلىك قىلغان.

1948 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئەخمەتجان قاسىمى غۇلجىدا «شىنجاڭ تىنچلىقنى قوغداش دېموكراتىك ئىتتىپاقى»(قىسقارتىلىپ «شىنجاڭ ئىتتىپاقى» دېيىلىدۇ)نى رىياسەتچىلىك قىلىپ قۇرغاندا، قەتئىيلىك بىلەن «شىنجاڭ» دېگەن بۇ نامنى قوللىنىشنى قارار قىلغان.

شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ دۆلەت ۋە مىللەت مەسىلىسىدە ئۆتكۈزگەن ئېغىر خاتالىقى ئۈستىدە يەنىمۇ ئويلىنىش ۋە ئۇنى تۈزىتىش ئۈچۈن، ئەخمەتجان قاسىمى «شىنجاڭ ئىتتىپاقى»غا رەھبەرلىك قىلىپ، شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە ئىدىيە جەھەتتە تەرتىپكە سېلىشنى قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ بىردەك باراۋەرلىكىنى تەكىتلەپ، ھەرقانداق بىر مىللەتنى كەمسىتىشكە قارشى تۇرغان.

ئەخمەتجان قاسىمى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئازادلىقىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلىپ، شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەتتىكى كادىرلار، ئاممىغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تەشەببۇسى ۋە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ۋەزىيىتىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلغان. ئۇ «بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىمىز ۋە «شىنجاڭ ئىتتىپاقى»» قاتارلىق ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرىنىڭ جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشىغا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن، ئۇ رەئىس ماۋ زېدۇڭغا يوللىغان تېلېگراممىسىدا مۇنداق دېگەن: «بىز خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى پۈتۈن دۇنيانىڭ، شۇنداقلا پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ غەلىبىسى دەپ قارايمىز. شۇڭا، بىز ئەڭ يۇقىرى قىزغىنلىق بىلەن سۆيۈملۈك ماۋ زېدۇڭ ئەپەندىگە رەھمىتىمىزنى ۋە ھاياجىنىمىزنى بىلدۈرىمىز».

1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئۇ غۇلجىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق بېيپىڭ(بۈگۈنكى بېيجىڭ)غا جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىشقا ماڭغان. 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، ئۇ ئولتۇرغان سوۋېت ئىتتىپاقى ئايروپىلانى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى بايقال كۆلى رايونى ھاۋا بوشلۇقىدا ھادىسىگە ئۇچراپ، بەختكە قارشى قازا قىلغان، ئەينى يىلى 35 ياشتا ئىدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يەرلىك پۇل مۇئامىلە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تارماقلىرى مەخسۇس رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ تۈزەشنى قانات يايدۇردى

# پۇل مۇئامىلە بىخەتەرلىكى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىق ھەقىقىي قوغدالدى

(بېشى 1 - بەتتە)

«قارا كۈچلەر بولسا قارا كۈچلەرنى تازىلاش، رەزىللىك بولسا رەزىللىكنى تۈگىتىش، قالايمىقانچىلىق بولسا قالايمىقانچىلىقنى تۈزەش» تەلىپى بويىچە، ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك پۇل مۇئامىلە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرمىسى ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پۇل مۇئامىلە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تارماقلىرى پۇل مۇئامىلە ساھەسىدىكى قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق مەسىلىلەرنى ئومۇميۈزلۈك رەتكە تۇرغۇزدى. تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، نۆۋەتتە، قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق مەسىلىدىن ئالتىسى دەسلەپكى قەدەمدە رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈلگەن، بۇ، بىر مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كېپىللىك شىركىتىنىڭ قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق مەسىلىسى، بىر ئاز سوممىلىق قەرز پۇل بېرىش شىركىتىنىڭ «سىرتماق قەرز»گە چېتىشلىق مەسىلىسى، تۆت ئاز سوممىلىق قەرز پۇل بېرىش شىركىتىنىڭ قانۇنسىز مەبلەغ توپلاشقا چېتىشلىق مەسىلىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن، جىنايەت يىپ ئۇچى شۇ جايدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن.

تۈرلۈك سودا ئورۇنلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش سالمىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك پۇل مۇئامىلە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە بىرلەشمە تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، تىجارىتى قېلىپلاشمىغان سودا ئورۇنلىرىنى «بىر ئورۇنغا بىر تەدبىر» قوللىنىش پرىنسىپى بويىچە تۈزەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايون بويىچە «سودا مەركىزى، سودا بازىرى، سودا ئورنى» قاتارلىق ناملارغا چېتىلىدىغان كارخانىلارنى ئومۇميۈزلۈك رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈردى، تىجارەت سالاھىيىتى ھازىرلىمىغان، لېكىن بەلگىلىمىگە خىلاپ سودىنى ئەمەلىي قانات يايدۇرغان كارخانىلارنى تۈرگە ئايرىپ بىر تەرەپ قىلىپ، بەلگىلىمىگە خىلاپ تىجارەت قىلغان ئاپپاراتلارنى چەكلىك مۇددەتتە تۈزەتتى، كەسىپ تەرتىپىنى ئۈزلۈكسىز قېلىپلاشتۇردى، كەسىپلەرنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

قانۇنسىز مەبلەغ توپلاشنىڭ پائال ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك پۇل مۇئامىلە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ تەۋەلىك بويىچە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)، ناھىيە (شەھەر، رايون)لەرنىڭ قانۇنسىز مەبلەغ توپلاشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمەت مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، قانۇنسىز مەبلەغ توپلاش يوشۇرۇن خەۋپىنى باسقۇچلار بويىچە كۆچەپ تۈگەتتى؛ قانۇنسىز مەبلەغ توپلاشقا چېتىشلىق ئېلان، ئۇچۇر قاتارلىقلارنى مەخسۇس رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، خەۋپ - خەتەرنى پۇختا قەدەم بىلەن ئۈنۈملۈك تۈگەتتى؛ تۈرلۈك تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەپ، ھەرمىللەت ئاممىنىڭ خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك پۇل مۇئامىلە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى مۇنداق بىلدۈردى: سىياسىي يۈكسەكلىكنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۆرىشىدىكى سىياسىي مەسئۇلىيەتنى قەتئىي زىممىمىزگە ئېلىپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، بىرنى بىلىش ئارقىلىق باشقىلارنىمۇ بىلىپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۆرىشىنى يەرلىكنىڭ پۇل مۇئامىلە خەۋپ - خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەپ، ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ پۇل مۇئامىلە تەرتىپىنى ھەقىقىي ياخشى قوغداپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشىمىز.

(بېشى 1 - بەتتە)

تۆمۈريول، تاشيول، پۇقرالار ئاۋىياتسىيەسى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن ساياھەت لىنىيەسىنى ئېچىپ، ساياھەتچىلەرنىڭ سەپەرگە چىقىشقا قولايلىق يارىتىشنى؛ تارباغاتاي يۆنىلىشىدىكى ساياھەت مەخسۇس پويىزى قاتنىشىنى يولغا قويۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ ساياھەت مەخسۇس پويىزى بىلەن تولۇق قاپلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى پىلانلىدى.

ئىگىلىنىشچە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ تۆمۈريول تارماقلىرى لەنجۇ - شىنجاڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولىنى ئاساسىي غول، جەنۇبىي - شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنى ئىككى قانات قىلغان تېز سۈرئەتلىك قاتناش تورىغا تايىنىپ، «پويىزغا ئولتۇرۇپ شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش» ساياھەت سۈپەتلىك ماركىسى يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتلىرىنى چوڭقۇر بەرپا قىلىپ، «شىمالىي شىنجاڭنى ئايلىنىپ ساياھەت قىلىش» «جەنۇبىي شىنجاڭنى راۋان ساياھەت قىلىش» «ئاجايىپ ئوت يۇرتى» قاتارلىق ساياھەت پويىزلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن يولغا قويۇپ، «ساياھەت مەنزىرە رايونلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تۇتاشتۇرۇلغان، ساياھەتچىلەر سەپەرگە چىقىشتا ئاممىۋى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرىدىغان، ساياھەت پويىزى ئومۇميۈزلۈك ئايلىنىپ يۈرىدىغان» «تۆمۈريول + ساياھەت» يۇغۇرما تەرەققىيات يېڭى ئەندىزىسىنى بەرپا قىلغان.

شىنجاڭ ئىچى ساياھەت پويىزى قاتنىشىنى يولغا قويۇشتىن باشقا، بۇ يىل شىنجاڭ تۆمۈريول تارماقلىرى يەنە ئىچكىرى جايلاردىكى تۆمۈريول تارماقلىرى بىلەن ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئىچكىرى جايلاردىكى ساياھەت مەخسۇس پويىزلىرىنىڭ شىنجاڭغا قاتنىشىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىدۇ، نۆۋەتتە، ئىچكىرى جايلاردىكى نۇرغۇن ئۆلكە ساياھەت مەخسۇس پويىزلىرىنىڭ شىنجاڭغا قاتنىشىنى يولغا قويۇش پىلانىنى بېكىتتى.

خۇاڭ تىڭفېن مۇنداق دېدى: شىنجاڭ تۆمۈريول تارماقلىرى شىنجاڭدىن چىقىدىغان ساياھەت لىنىيەلىرىنى يەنىمۇ بېيىتىدۇ، كېيىنكى يېرىم يىلدا شياڭگاڭ - جۇخەي - ئاۋمېن، گۈيلىن - گۈيياڭ يۆنىلىشىدىكى ساياھەت مەخسۇس پويىزى ھەمدە يازلىق تەتىل مەزگىلىدە بېيجىڭ، دالىيەن، چىڭداۋ يۆنىلىشىدىكى ساياھەت مەخسۇس پويىزىنى يولغا قويۇشنى پىلانلىغان بولۇپ، شىنجاڭ ئىچىدىكى ساياھەتچىلەرنىڭ شىنجاڭدىن چىقىپ ساياھەت قىلىش ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)